ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روييۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

1991 ژىل 31 ئاۋغۇست شەنبە №104 (3035)
باھاسى 4 تىيىن

گېزىت 1970- ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەكتەپ !



قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمىغا

بىلدۈرۈش

مەلۇمكى، مەن تىل بىرىكتۈرگۈچىلەرنىڭ جىنايىي گۇرۇھىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن سىئىكىپ مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىگىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەيىپلەپ، سىئىكىپ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت تەركىۋىدىن چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن جۇمھۇرىيەتلەر كومپارتىيەلىرىنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي بىلدۈرۈشلىرى قىلىندى. م. س. گورباچېۋ ئۆزىدىن باش كاتىپلىق ۋاكالىتىنى ساقىت قىلدى. مەركىزىي كومىتېتنى ئۆزىنى ئۆزى تارقىتىۋېتىشقا چاقىردى ۋە پارتىيە مۈلكىنىڭ خەلق دېپۇتاتلىرى كېڭەشلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىلىق پەرمان چىقاردى.

قازاقستان سسج دۆلەت سۇۋېرېنىتېتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە ۋاقىئەلەر مەنتىقىسىغا ئەمەل قىلغان ھالدا، مەن جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى سۈپىتىدە، قازاقستان تەۋەسىدىكى سىئىكىپ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ مۈلكى دەپ ئېلان قىلىش توغرىلىق پەرماننى ئىمزالىدىم.

مەن يەنە بىر قېتىم دۆلەت ئاغدۇرۇشى ۋاقتىدا سىئىكىپ رەھبەرلىكىنىڭ پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئۆزەمنىڭ قەتئىي سەلبىي مۇناسىۋىتىمنى ئىسپاتلايمەن. ئېغىر پەيتتە 19- ئاۋغۇست كۈنى جۇمھۇرىيەت خەلقىگە قىلغان مۇراجىئەتتە، 20- ئاۋغۇستتىكى سىياسىي بىلدۈرۈشتە، سىياسىي بيۇرودىن ۋە سىئىكىپ مەركىزىي كومىتېتىدىن چىقىش توغرىلىق بىلدۈرۈشۈمدە بايان قىلىنغان مېنىڭ مەۋقەمنى، مىڭلىغان ۋە مىڭلىغان قازاقستانلىقلار قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى. مەن ئەمگەك كوللېكتىۋلىرىدىن، ئەمگەكچىلەردىن، قاتاردىكى كوممۇنىستلاردىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەش سۆزلىرى ئىزھار قىلىنغان يۈزلىگەن تېلېگراممىلارنى ئالدىم.

ھازىرقى ۋەزىيەتتە مەن ئېغىر يولنى تاللاپ ئېلىۋاتىمەن ۋە ئۆزەمدىن قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىبى ۋەزىپىسىنى ساقىت قىلىمەن. قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىردىن- بىر توغرا قارار قوبۇل قىلىشى لازىم دەپ ئويلايمەن، ئۇ، مەن ئىشىنىمەنكى، ئۆز پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىلىق جاكالاش- قاتاردىكى پارتىيە ئەزالىرى تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. نۆۋەتتىن تاشقىرى سېيزد ياكى كونفېرېنسىيە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەشكىلىي كومىتېت قۇرۇش زۆرۈر، ئۇنىڭدا كومپارتىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى بەلگۈلىنىشى لازىم. ۋىلايەتلىك كومىتېتلاردىن باشلاپ، بارلىق باشقا پارتىيە كومىتېتلىرى خۇددى شۇنداق قىلىشى كېرەك.

مەن قازاقستان سسج پرېزىدېنتى سۈپىتىدە، قازاقستان خەلقىگە بەرگەن ۋەدىمىدا ئۆزەمنىڭ سادىقلىقىم، يېڭىلاش سىياسىتىگە، جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت سۇۋېرېنىتېتىنى چوڭقۇرلىتىش، ئىقتىسادىنى تۈپ ئاساستىن ئىسلاھات قىلىش سىياسىتىگە، قازاقستان تەۋەسىدە ياشاۋاتقان بارلىق مىللەتلەر بىلەن خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىكى پرىنسىپلىرىغا، ئىنسان ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشقا سادىقلىقىم توغرىلىق قەتئىي بىلدۈرىمەن.

مەن جەمىيىتىمىزنى قايتا قۇرۇش جەريانلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلەۋاتقان ئەمگەك كوللېكتىۋلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە بارلىق ئەۋلات كوممۇنىستلىرىنى قىلچىلىكمۇ ئەيىپلىمەيدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەشنى خالايمەن. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ پرىنسىپسىزلىقىنىڭ ۋە پائالىيەتسىزلىكىنىڭ گورۇلىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئادەملەرنى ھېچ قانداق ئاساسسىز ئەيىپلەشكە، يەنە كېلىپ تەقىپلەشكە يول قويۇلماسلىقى لازىم. بۇ توتالىتارلىق تۈزۈم دەۋرلىرىگە قايتىپ كېلىش بولغان بولار ئىدى ۋە دوستلۇقى ھەم رازىلىقى ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن بارلىق قازاقستانلىقلارنىڭ جىپسىلىشىش جەريانىغا زەربە بەرگەن بولار ئىدى. قازاقستان سسج قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق بوشىتىلغان بارلىق پارتىيە خادىملىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

مەن بارلىق قازاقستانلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن. بىزدە ئومۇم خەلق قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ئۆزگىرىتىپ قۇرۇشلارنىڭ ئۆز يولىمىز ئىشلىنىپ چىقتى، بىر نەچچە قېتىم ئېغىر ۋەزىيەتلەردە سىناقتىن ئۆتكەن تۇراقلىقلىقنى ۋە مىللەتلەر ئارا رازىلىقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرى بار. نەق ئەينە شۇ قازاقستاننىڭ مەملىكەتتە ۋە خەلق ئارا مەيداندا ئابرويىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەم قىلدى. سىلەردىن باشلانغان ئىشلارنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەشنى ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

مەن بارلىق ئەمگەكچىلەرنى، كوممۇنىستلارنى، سىياسىي پارتىيەلەرنى ۋە جەمىيەت ھەرىكەتلىرىنى پارتىيەدە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىئەلەرگە چۈشىنىش بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا، سىياسىي ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ پۈتكۈل كۆلەمىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىشكە، ئومۇمىي دېموكراتىك ھەرىكەتتە ئىنتېرناتسىونال ئاساستا بىرلىشىشكە، قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا، تەشكىللىك ۋە ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەشكە، كۆپ مىللەتلىك قازاقستاننىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ژۇقۇرى جاۋابكەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىلىشقا چاقىرىمەن.

ن. نازاربايېۋ.
1991- ژىل، 28- ئاۋغۇست.

مەركىزىي كومىتېت ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى

28- ئاۋغۇست كۈنى قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا «ھازىرقى پەيت ۋە سىئىكىپدىكى ۋەزىيەت توغرىلىق» مەسىلە قارالدى.

پلېنۇمدا قازاقستان سسج پرېزىدېنتى، قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىبى ن. ئە. نازاربايېۋ سۆزگە چىقتى. ئۇنىڭ پىكرىچە، سىئىكىپ ئۆزىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىكى ئارقىلىق ئۆزىنى خەلق ئالدىدا ئابرويسىزلاندۇردى. بىر پۈتۈن ستروكتۇرا سۈپىتىدە ئۇ ئەندى موجۇت ئەمەس. بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتىمۇ ۋە قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ ئۆزىمۇ ئىلگەركى ھالەتتە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ ئىشتىراك قىلغۇچىلارغا قازاقستان كۆللىنىشىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە مىللەتلەر ئارا رازىلىق ۋە دوستلۇقنى ساقلاش ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈش، قانۇنچىلىقنى ۋە ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش چاقىرىقى بىلەن مۇراجىئەت قىلدى. بارلىق سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن ھەرىكەتلەرنىڭ جەمىيىتىمىزنى يېڭىلاش ۋە تۈپ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىچە كۈچ- قۇۋۋىتىنى ئايىمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ئىزھار قىلىندى. پرېزىدېنت جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرى دائىرىسىدە دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى.

پلېنۇم بىيىل 7- سېنتەبىر كۈنى قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ پەۋقۇلاددە سېيزىنى چاقىرىش توغرىلىق توختام قوبۇل قىلدى. سېيزد مەملىكەتتىكى ۋە سىئىكىپدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە باغلىق «قازاقستان كومپارتىيەسى توغرىلىق» مەسىلىنى قارايدۇ. ئەينە شۇ توختامدا تاللانمىزدا بولىدىغان سېيزغا ۋاكالەتلىك نورمىلىرى، ئۇنىڭغا دېلېگاتلارنى سايلاش تەرتىۋى بەلگۈلەندى. (قاز تاگ).

كونفېرېنسىيە قىزغىن ئۆتتى

23- ئاۋغۇست كۈنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ «دروژبا» مەھەللىسى ئا. روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئالمۇتا شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان خەشكەلەڭ، تالغىر، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەلىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى مۇئەللىملىرىنىڭ بىرلەشكەن كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتتى. كونفېرېنسىيەنىڭ بىرىنچى كۈنى پەنلەر بويىچە سېكسىيەلەرنىڭ پىكىر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئولتۇرۇشلىرى بولدى.

چۈشتىن كېيىن ئا. روزىباقىيېۋ نامىدىكى مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھېنپاخۇن باراتوۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دۈگىلەك ئۈستەل سۆھبىتى بولدى. سۆھبەت ۋىلايەتلىك مۇئەللىملەر بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنستىتۇتىنىڭ مېتودىستى ھېببۇللا قاھاروۋنىڭ «خەلق پېداگوگىكىسى ۋە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش ۋە رىۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھازىرقى مەسىلىلىرى» توغرىسىدىكى پىكرى يۈزىسىدىن بولدى.

ئىبادەت جاھانوۋا: ئانا تىلى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، باللار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. سەۋەۋى ئانا تىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە بىرىنچى بولۇپ ئوقۇتىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىكتىن باشقا ھېچ قانداق قوشۇمچە ماتېرىياللىرى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە تەربىيە ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە باللار ژۇرنالى چىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

غوجەخمەت شاماخۇنوۋ: (ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى) مەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرى مۇئەللىملىرىنىڭ كونفېرېنسىيەسى كەلگۈسىدە بۈگۈنكىدەك تار دائىرىدە ئەمەس، جۇمھۇرىيەت مىقياسىدا ئۆتكۈزۈلۈشى تەرەپدارىمەن. ئەندى دەرس قوراللىرى ۋە باللار ژۇرنالى چىقىرىشتا مۇئەللىملەر بىلەن ئاتا- ئانىلار زور كۈچ. ئۇلارنىڭ پىكرىنى توپلاپ، ژۇرنالغا سۇنۇش پايدىدىن خالى بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ھوسىيانجان ھاشىموۋ: (قىزىل غەيرەت يېزىسى ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىمى) مەن ئى. جاھانوۋا ۋە غ. شاماخۇنوۋلارنىڭ ژۇقۇرىدىكى تەكلىپلىرىنى ئۇنچە ئورۇنلۇق دەپ بىلمەيمەن. توغرىسىنى ئېيتساق، ھازىرقى ئېغىر شارائىتتا ژۇقۇرىدىن ياردەم كۈتۈش قىيىن. ئۇلارنى ئەرزە يازمايمۇ، ئۆز كۈچىمىز بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن. ئەگەر ھەرىكەت قىلىپ، يېتەرلىكچە پۇل توپلىساق، ھەر خىل دەرسلىك، كۆرگەزمىلىك قوراللار ۋە باللار ژۇرنالىنى چىقىرىپ بېرىشنى جۇمھۇرىيەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۈگۈن شۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

مارات پالتۇشېۋ: (جۇمھۇرىيەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى) بۇ ھەقتە مەن مۇئەللىملەرگە ھەر قاچان ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. قانداقلا ئوقۇش قوراللىرى، ياسىغان ھەر خىل تەجرىبە ماتېرىياللىرى بولسۇن، ھەتتا دەرسلىككە ئائىت كىنوفىلىملارنىمۇ كوپېيتىپ بېرىشكە بىز تەييار. باللار ژۇرنالىنىمۇ خىراجەت بولسا چىقىرىش مۇمكىن. ساز ئەسۋاپلىرىنى بۇيرۇتما بەرسىمۇ ياساپ بېرىمىز. ئالدى بىلەن بىز چىقارغان كىتابلارنى سېتىۋېلىشنى تېزلەشتۈرۈشكە مۇئەللىملەر كۈچ قوشسا، كەلگەن پايدىنى ئەنە شۇنداق مۇھىم ئىشلارغا سەرپلىمەكچىمىز. مېنىڭچە بىرلىشىپ، كېڭىشىپ ھەرىكەت قىلساق ھەل بولمايدىغان ئىش يوق.

داشا خوجابېكوۋا: (قىزىل غەيرەت يېزىسىدىكى ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ دىرېكتورى) مەن شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىگىم كېلىدۇكى، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مۇئەللىملەر بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مېتودىستلىرى سىرتتىن بۇيرۇق بېرىشتىن نېرى ئۆتمەيۋاتىدۇ. خەلق پېداگوگىكىسىنى ئەمەلىيەتكە ماسلاپ ئۆتكۈزۈشنىڭ پىلانىنى ئەسلىدە ئۇلار تۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر ئېمىس تىلى ئۈچۈنلىك چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. بىز شۇنىڭ ئورنىغا ئېيىغا تۆرت سائەت ئەرەپ گرافىكىسىنى ئۆگىتىشنى پىلانغا كىرگۈزدۇق. ناخشا دەرسىدە ئۇيغۇر ناخشا- سازلىرىنى ئۆگەتسە، ئەمگەك دەرسىدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە ئائىت كەسىپلەرنى ئۆگەتسە، ھەتتا تىل- ئەدەبىيات ۋە تارىخ دەرسلىرىدە ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى بىلەن تارىخىنى ئۆگەتسە، كىم بۇنىڭغا قارشى تۇرالايدۇ. دېمەك ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق.

داشا خوجابېكوۋانىڭ ھەق ۋە توغرا پىكرى دۈگىلەك ئۈستەل سۆھبىتىدە ئىشتىراك قىلغان ھەممە ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن تولۇق قوللاپ- قۇۋۋەتلەندى. پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان خەشكەلەڭ، تالغىر ۋە ئەمگەكچىقازاق ناھىيەلىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى مۇئەللىملىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاۋغۇست كونفېرېنسىيەسى ئەينە شۇنداق قىزغىن مۇنازىرىلەر ئاستىدا ئۆتتى.

ھاكىم مۇھەممەت.
ئالمۇتا شەھىرى.

ھۆرمەتكە سازاۋەر



بىشكېك شەھرىدىكى يولۇۋچىلارنى توشۇيدىغان 3- ئاۋتوبۇس پاركىنىڭ شوفيورلىرى ئەنۋەر باتادژىيېۋنى ياخشى تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى دېگىدەك ھەر بىر شوفيور بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ دېسەك، خاتالاشمايمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماز-500» ماشىنىسى بىلەن ئاۋتوبۇسلارغا يېقىلغۇ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەش يۈزدىن كۆپ شوفيور ئىشلەيدىغان كوللېكتىۋتا ئەنۋەر دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

ئەنۋەر دەسلەپ بۇ كارخانىغا رېمونتچى بولۇپ ئىشقا كىرگەن. ھەربى خىزمەتكە چاقىرىلغاندا شوفيورلىقنى ئوقۇپ، قايتىپ كەلگەندە يەنە موشۇ كارخانىدا ئىشلەشكە باشلىدى. كېيىنرەك بۇ چوڭ ماشىنىدا ئىشلەپ، 400دىن كۆپرەك ئاۋتوبۇسنىڭ توختالسىز مېڭىشىنى تەمىنلىمەكتە.

— بىزنىڭ ئىشىمىز ئاھايىتى جاۋاپلىق ئىش،— دەيدۇ ئەنۋەر باتادژىيېۋ، —پاركتىكى ئاۋتوبۇسلارنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى توختالسىز مېڭىشى كېرەك. ئەگەر ماشىنا بۇزۇلۇپ يولدا قالىدىغان بولساق، ئورغۇنلىغان ئاۋتوبۇسلار توختاپ قالىدۇ، ئاۋتوبۇسلار ماڭمىغاندىن كېيىن كۆپ كىشىلەر ئىش ئورۇنلىرىغا يېتەلمەيدۇ. بىز مانا شۇ جاۋاپكەرلىكنى سەزگەن ھالدا ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز. مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى مەمۇرىيەتمۇ ياخشى باھالاپ كەلمەكتە. يېقىندا شەھەر مەركىزىدىن تۆرت ئېغىز ئۆي ئالدىم. ئىش ھەققىمۇ مىڭ سوم ئەتراپىدا بولماقتا.

ئىلگىرى ئەنۋەر باتادژىيېۋنىڭ سۈرىتى ھۆرمەت تاختىسىدىن چۈشمىگەن بولسا، ھازىر ھەر ئايدا ماددىي جەھەتتىن رەغبەتلەندۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان ۋە تۇرۇۋاتقان جايلاردا جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئاكتىۋ قاتنىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقتا.

پ. ئەخمەتوۋ.

بىشكېك شەھىرى.

ئۇستاز ھەققىدە سۆز

ئىشدىن بۈگۈن يەنە كېچىكىپ كەلگەن رەھمەمنىڭ قىياپىتىدىكى ھارغىنلىغىنى بىردىن بايقىغان ئاتا- ئانىسى كەچ قالدىڭمۇ، قىزىم، تامىغىڭنى ۋاقتىدا يەۋالساڭچۇ، دېگەن سوئاللار بىلەن ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇشۇپ قارشى ئېلىشتى.

كەسپىگە ساداقەتلىك

رەھمەم بولسا ئۇلارغا ئادەتتىكىدەك مىيىغىدا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپلا قويىدى. قىزىنىڭ ئىش كۈنىنىڭ تولىراق ۋاقىتلاردا ئەتىدىن كەچ كىرگىچە مەكتەپتە ئۆتۈدىغانلىقىغا ئۈگىنىشىپ قالغان ئاتا- ئانا ئۇنىڭ سەۋەۋىنى ئانچە تەپتىشلەپمۇ كەتكىنى يوق.

رەھمەم بۈگۈنكى ئۆتكەن كۈنىدىن ئۆزىنى خوشال ھىس قىلاتتى. چۈنكى دەرسلەردىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىدىكى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ۋېتېرانلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىدەك مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق ئۆتكەن ئېدى. داڭلىق بېرىست قورغىنىنى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى دەقىقىلىرىدە ئېمىس فاشىستلىرىدىن ھىمايە قىلغۇچىلار: مەسۈت نىيازوۋ، ئۇرتازا قارسىيېۋلارنىڭ خاتىرىلىرى باللاردا چوڭقۇر تەسىراتلار ھاسىل قىلدى.

ئۇستازلىق كەسپىگە باللىغىدىنلا مېھىر باغلىغان رەھمەم تالغىر ناھىيەسىنىڭ قىزىل-غەيرەت يېزىسىدىكى سەككىز ژىللىق مەكتەپنى ئەلا باھالار بىلەن ئۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇشنى تالغىر شەھرىدىكى 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە داۋاملاشتۇردى. ئىرىشچان قىزنىڭ بولۇپمۇ ماتېماتىكا پەنىگە بولغان قىزىقىشى زور بولدى. ئۇ ژىللىرى مەكتەپتە ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى بۇ كۈنلەردە ماتېماتىكا پەنلىرىنىڭ دوكتورى خەمىت تىلەشېۋ دەرس بېرەتتى.

ر. قۇربانوۋا 1974- ژىلى قازاقستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان تاپشۇرۇپ، سىناقلاردىن سۈرۈنمەي ئوتتۇشى نەتىجىسىدە مەزكۇر ئوقۇش دەرگاھىنىڭ ستۇدېنتى ئاتالدى. قىزغىن ئىزدىنىش، ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن ژىللار جەريانىدا 5 ژىل ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىمۇ بايقالماي، ئۇ ئوقۇشنى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلەر سېپىدە تاماملىدى. شۇندىن بېرىقى ئۆتكەن ئون ژىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئىش پائالىيىتىنى باشلىغان دەسلەپكى ژىللاردىلا ئىرىشچانلىغى بىلەن كوللېكتىۋنىڭ كۆزىگە چۈشكەن ر. قۇربانوۋا مەكتەپتىكى س. دەرايېۋا، ر. توختىباقىيېۋا قاتارلىق ئۇلگىلىك مۇئەللىملەردىن ئېرىنمەي ئۈگەندى. ئۇستازلىق كەسپىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىشنى مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ ھىس قىلىپ، بارلىق كۈچ- غەيرىتىنى سەرىپ قىلىپ ئىشلەشكە كىرىشتى. ئوقۇش ۋە تەربىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاشتا ئاتا- ئانىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلەۋىي شارائىتى ۋە شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۆز سىنىپىدا ۋە دەرسلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلگىرىشىنىڭ مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا كېلىۋاتقانلىقى، ئەلۋەتتە ئىلغار پېداگوگنىڭ مەشەقەتلىك ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات- سەنئىتى نامايەندىلىرى توغرىلىق ئۆتكۈزىدىغان تەربىيە سائاتلىرى كەسپداشلىرى تەرىپىدىن ژۇقۇرى باھالىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خۇسۇسىدىكى ئۇنىڭ تەجرىبىسى پېداگوگلار ئارىسىدا كەڭ جارى قىلىنماقتا.

يېقىندا ر. قۇربانوۋانىڭ ماتېماتىكا كابىنېتىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە ئۇنىڭدىكى مېتودىكىلىق كۆرنەكلىك قوراللارنىڭ خىلمۇ- خىللىغى ۋە كۆپلىگىنىڭ شاھىدى بولدۇق. شۇچىلىك دىت بىلەن بېزەندۈرۈلگەن كابىنېتنىڭ ئۆزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىلىم ئېلىش مەنبەسىگە ئايلانغان. ئۇنىڭدىكى ئۇلۇق ماتېماتىكلارنىڭ سۈرەتلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ پەننىڭ ھاياتىي ئەھمىيىتى توغرىلىق ئېيتقان دانا سۆزلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەزكۇر پەنگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشتا ئۆرتكە بولىدىغانلىغى سېزىلىپ تۇرىدۇ.

ر. قۇربانوۋا مەكتەپتىكى ۋە يۇرتداشلىرى ئارىسىدىكى جەمئىيەتلىك ئىشلىرىغا قىزغىن ئارىلىشىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يېزا ئاھالىسى ئارىسىدىكى ئابرويى ئۈستۈن.

م. ھەمرايېۋ.

تالغىر ناھيەسى.

ھېچ كىم ۋە ھېچ نەرسە ئۇنتۇلمايدۇ

7 ئادەمگە قارشى 8 تانك

جەڭدىن كېيىنمۇ باتۇر كۆپىيىدۇ، ئامما ئادەملەر توپىلاڭدا توغاچ ئوغۇرلىماقچى بولغان ساختا كىشىلەردىن ھايات- مامات ئۈچۈن بولغان قانلىق جەڭلەردە يولۋاستەك كەينىگە قايتماس ئوغلانلارنى پەرىق قىلىشنى ساماندىن داننى ئاجرىتىۋېلىشنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باتۇر مەيداندا سىنىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ئوق بىلەن ئوت گىرەلەشكەن قانلىق مەيداندا باتۇرلۇغى، قورقماسلىغى بىلەن سىنالغان قوش ئوردېنلىق بىر قەھرىمان بىلەن سۆھبەتلىشىش ماڭا نېسىپ بولغان ئېدى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئادىدىغىنا ئۇ كىشى ئۆزى ھەققىدە تولىمۇ ئاز سۆزلەتتى. شۇنچە قەھرىمانلىق قىلغىنىغا قارىماي، ماختىنىشنى- مەن ئۇنداق قىلغان، مەن مۇنداق قىلغان دېيىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ھەقىقەتنى ئېيتقاندا قەھرىمانلار، باتۇرلار ئادەتتە ئەشۇنداق ئاددىي ئادەملەردىن چىقىدىغۇ. ئۇلار ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، ھەتتا ئەزىز جېنىنىڭ، ئەتىگە بېشىنىڭ غېمىنى قىلمايلا، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىدۇ. بۇنىڭغا ساۋۇت ئاكىنىڭ ھاياتى ياخشى مىسال بولالايدۇ.

قوش ئوردېنلىق ساۋۇت خۇدايبەردىيېۋنى يۇرتداشلىرى ئەڭ ئەزىز ئادەمدەك ھۆرمەت قىلىدۇ. قانچە ئىززەت- ئېكرام بىلدۈرسە ئەرزىيدۇدە. چۈنكى ئۇ ئەشۇ يۇرتداشلىرى ئۈچۈن بايسپىتىن ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاتلىنىپ، كىندىك قېنى تامغان يەرنى، قەدىناس بۇرادەرلىرىنى فاشىستلارغا يەم قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن قانلىق جەڭلەرگە قاتناشتى.

ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك جەڭلىرىدە ساۋۇت ئاكا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ژۈرۈپ، قانچە قېتىم ياردار بولۇپ ئىسسىق قېنىنى تۆكتى. ئەشۇ تۆكۈلگەن بېگۇناھ قانلار بەدىلىگە ياۋدىن قىساس ئېلىپ، ئۇلارنىڭ «يېڭىلمەس» ئاتالغان ئەسكەرلىرىنىڭ بېلىنى پۈكتى. ئۇنىڭ قىرقىلىپ كەتكەن بارماقلىرى قانلىق ئۇرۇشنىڭ سوغ يادنامىسى بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ساۋۇت ئاكا، بارماقلىرىڭىز قاچان، قەيەردە قىرقىلىپ كەتكەن؟

ساۋۇت ئاكام جىم بولۇپ قالدى. بەلكىم ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلاۋاتقاندىغاندۇ... بۇ سوئالنى سورىغىنىمغا ئۆزەممۇ خىجالەت بولۇپ قالدىم. ئۇ بولسا ئويلىنىپ ئولتىراتتى. قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ رەڭلىك تاماكا ئىسى ئەگىلىپ يېيىلىپ، ئورۇسقا كۆتىرىلەتتى. ئۇ قويۇق قارا قاشلىرىنى ئۈرۈپ، قوي كۆزلىرىنى بىر ئۇقتىغا قاداپ ئولتۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتەردىدە:

— ئۇكا، بۇ بارماقلار بېلوروسسىيە دالاسىدا قالدى. ئۇ كۈلەرنى ئويلاش بەك ئېغىر. سەن سوراپ قالدىڭ، خەيرى ئېيتىپ بېرەي.

1943- ژىلى ئاپرېل ئېيى ئېدى. ۋزۋود كوماندىرى مېرشىنكو يېنىمغا كېلىپ:

«خۇدايبەردىيېۋ چاپسان بول! ئېمىسلارنىڭ «تاشپاقىلىرى» كېلىپ قالدى»،— دېدى.

مەن زەمبىرەك تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدىم. زەمبىرەكنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ئەتراپقا قارىسام 7 ئادەمگە قارشى 8 تانك ئومۇلەپ كېلىۋاتاتتى.

مەن قارىغاي دالدىسىدا تۇرغان زەمبىرەكنى دۈشمەن تانكىسىغا قارشى توغرىلىدىم. ئاڭغىچە دوستۇم كاپۇستىن سىنارەدنى تەييارلاپ قويدى.

يول باشلىغۇچى تانك 600 مېترچە يەردىن ئوق ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. قورۇلغا ئېلىپ كۆرسەم، تانك ئىككى ئۈچى چىڭ تاتىلغان ژىپتەك بىر تۈز سىزىقتا توغرا كەلگەندە «ئات!»—دېدىم. شۇ سېكۇند مەيداننى زىل- زىلىگە كەلتۈرگەن قاتتىق پارتلىنىش يۈز بەردى، سنارەد بېنزىن باكقا تەگدى. ھەيۋەتلىك تانك ئوت ئىچىدە قالدى. ئۆرۈلۈپ- ئۆرۈلۈپ گويا قارا بۇلۇتتەك قاپلىغان تۈتۈن دالدىسىدا كەينىدە كېلىۋاتقان تانكلار ھە دەپ ئالغا ئىنتىلاتتى. سول تەرەپتىكى تانكنىڭمۇ ئەجىلى يەتكەن ئېكەن- ئۇ لەق 500 مېتر نېرىدا بىزگە ئوق ياغدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مەن يېنىمدىن ژۇۋداش جەڭچى دوستۇمغا قاراپ: «ئىمانبايېۋ، ئات»، دېدىم. سۆزۈم تۈگە- تۈگمەي ئۇ تانكمۇ توختاپ قالدى. قويۇق ئىس- تۈتەك، ئوت يالقۇنىغا ئۆرۈلۈپ توختاپ قالدى.

جەڭچى دوستۇم ئىمانبايېۋ بۇ جەڭدە ئېمىسنىڭ ئۈچ تانكىسىنى يوقىتىپ، ئۆزىمۇ قۇربان بولدى.

دۈشمەننىڭ ساق قالغان تانكىلىرى كەلگەن يولى بىلەن چېكىنىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. موشۇ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىم ئۈچۈن گېنېرال چېرنياخوۋسكىي ئۆز قولى بىلەن ماڭا «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنىنى تاپشۇردى.

1944- ژىلى ئېمىسلارنى قوغلاپ نېمان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا سۈرۈپ باردۇق. دەريادىن ئۆتۈش بىزگە ئوڭايغا چۈشمىدى. بىز ئۇ قاتقا ئۆتكەندە، دۈشمەننىڭ سنارەدلىرى ئوپ — چۆرىمىزدە يېرىلىشقا باشلىدى. مەن دوستلىرىم بىلەن زەمبىرەكنى قېلىن قارىغاي ئارىسىغا سۆرەپ ئاپاردىم. فاشىستلار «ئۆزى ماڭىدىغان» زەمبىرەك بىلەن ھە دەپ ئوق ئاتاتتى. دەرەقلەر ئاغدۇرۇلۇپ، يەر- جاھان تەۋرىگەندەك سېزىلەتتى. كەچ كىرگىچە دۈشمەن بىلەن ئېتىشتۇق. ئاخىرى دۈشمەن ئۆزىنىڭ بېكىنىشىنى تاشلاپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

ۋزۋود كوماندىرى مېرشىنكو نېمان دەرياسىدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن ئەرلىكىم ئۈچۈن «جاسارەت ئۈچۈن» مېدالىنى كۆكسۈمگە قاداپ قويدى.

ئارىدىن بىر ژىل ئۆتۈپ كەتتى. بىز دۈشمەننى مېلزاك شەھرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن 7 كىلومېتر نېرى چەكسىز كەتكەن سازلىقتا ئورۇۋلاشتۇق. ئەتىسى تاڭ سەھەردىن تا كۈن قاراڭغۇسىغىچە شەھەرنى ھىمايە قىلغۇچى دۈشمەنگە كويدەرگۈچ سىنارەدلەرنى توختاتماي ئاتتۇق. مانا موشۇنداق ئۈچ كېچە- كۈندۈز دۈشمەن ئوردىسىدا سنارەدلىرىمىز يېرىلدى. شۇنداق بىر پەيتتە ھۇجۇم سىگنالى ياڭرىدى. شىردەك بوسۇپ ئالغا ئىنتىلدۇق. مېلزاكقا كىرگەندە ئېمىسلار بىزنى قارشى ئېلىشىپ تۇرۇشقاندەك قوللىرىنى كۆتىرىشتى: ئۆلگەن ئادەم، ئورۇلگەن ئىمارەت، ئۆيۈلغان يەر دەستىدىن ئەركىن قەدەم تاشلىغىلى بولماتتى. گېزەندىلەر ئۆگىسىنى ئېشانلاپ ئېتىپ بۆزغىنىم ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى بىلەن تەغدىرلەندىم.

1945- ژىلى كېنىگسبېرگ ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا ئەڭ قاتتىق ياردار بولغانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئېدىم. 4 كۈن داۋام قىلغان قانلىق جەڭ ئورغۇنلىغان قۇربانلار بەدىلىگە بىزنىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاياقلاشتى. ئاخىرقى كۈنى ئېمىس سامولىيوتىدىن چۈشكەن بومبا پارچىلىرىدىن يامپىشىمغا زەخمە يەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن گوسپىتالدىن چىقىپ، زەمبىرەكچىلەر ۋزۋودىغا بارسام، دوستلىرۇم سالامەت ئېكەن. ئۇ چاغلاردا مەن ۋزۋود كوماندىرى ئېدىم. كاپىتان بولسا ئاۋۋدچىك بولۇپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەتتى. قانلىق ئۇرۇشلار كېچە- كۈندۈز داۋام قىلاتتى. كۆپ ئۆتمەي: «كېنىگسبېرگنى ئىشغال قىلغىنى ئۈچۈن» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندىم. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە «ئەلاچى ئاتقۇچى» مېدالى بىلەنمۇ تەغدىرلەندىم.

مېنىڭ ياشلىق ئۆمرۈم يېنىپ تۇرغان ئوت ۋە ئېتىپ تۇرغان ئوق ئىچىدە ئۆتتى، ئۇكا! 1946- ژىلى ئۇرۇشتىن ياندىم. ئۇرۇش دېگەن ئاپەت، بارماقلىرىمدىن ئايرىپ، مەڭگۈگە ئاسقاقلىتىپ قويدى.

بىر چاغلاردا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش شىرغۇران ژىگىت ئېدىم، ئۇرۇش دېگەن ئاپەت دەستىدىن مەزگىلسىز قېرىپ قالدىم. مەن ئۇرۇشنى كۆردۈم، ئۈچ بالام ۋە قومى- قېرىنداشلىرىم شۇ جۇت ئۇرۇشنى كۆرمەسلىگىنى كېچە- كۈندۈز بىر ئاللادىن تىلەيمەن... مېنىڭ بىرلا ئارمىنىم -تېچ ۋە خاتىرجەم ياشاش.

ساۋۇت ئاكا راست ئېيتىدۇ، دۇنيادا خاتىرجەملىكتىن ئارتۇق بايلىق بولمايدۇ.

ئا. قۇتلۇق.

ئالمۇتا ۋىلايىتى.

يېڭى شېئىرلار

س. ئىسكەندەروۋ

تەسەللا

تەربىيىچىلەر ماڭا ئاتامنى، ئانامنى بار دەيدۇ. ئەگەر بار بولسا بىرەر قېتىم كېلەر ئىدى ...

(بالىلار ئۆيىدىكى قىزچاقنىڭ نالىسى)

تەۋرەتتىڭ قەلبىمنى نالەڭنى ئېيتىپ،
ياشلىرىڭ ئەگكەن كوزۈڭنى تىكىپ.
كويۇنۇش تىلىكىدە شۇركەندى تېنىم،
مەيۇسلۇك قىياپەت ھوسنىڭگە بېقىپ.
مۇڭلىنىپ تۇماق قىز چەكمىگىن پۇغان،
راست سېنىڭ ئاتاڭمۇ، ئاناڭمۇ بولغان.
ئىنسانىي مېھىرسىز ئەشۇ مەخلۇقلار
دەستىدىن ۋۇجۇدۇڭ تەشۋىشكە تولغان.
كېتىشكەن ھە ئۇلار كوڭلىن قىلىپ خوش،
كەينىگە كىرىشىپ كەيپى-ساپانىڭ.
ئىچىملىك زەپتىدە بولۇشقان مەسخۇش،
ئۇنتىغان ھىممىتىن شەپقەت ۋاپانىڭ.
ئاگىلا بولمىغىن سەن ئەمەس سولغان،
ئەسلىدە شۇلارغۇ تاشلاندۇق بولغان.
ئەشۇلار- مەسلەكسىز تۇن شەپىرەڭلىرى،
ھاياتتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان.
بىلمەن پەرزەنتلىك مېھىر-ئىشقىڭنى،
شۇڭىمۇ ئاھ ئۇرۇپ توكمە يېشىڭنى.
ئاتاڭ بوپ، ئاناڭ بوپ ئىزگۈ نىيەتلىك
مىللىونلار سىپاشقا تەييار بېشىڭنى.
كىشىلىك سويگۈنىڭ رەمزى، بەلكىم بۇ،
بىرسى ئوتتۇرۇپ ئېلان يېزىپتۇ.
يوقاتقان ئىشتىنى تاپقانلار ئۈچۈن
مىڭ سومۇلۇق سويۇنچە بىرەر ئىكەن ئۇ.
سەن قىزىم، قەدرىڭ، قىممىتىڭ چەكسىز،
ئىنساننىڭ پەرزەندى ھەممىدىن ئەزىز.
بىلمەيمەن قانداقمۇ چىدىغان سېنى،
تاشلىشىپ كېتىشكە مەئۇنلار ئىزسىز.
نە چارە ئۇلاردا يوقتۇر دىيانەت،
ھەتتاكى قىلغىنى سەزمەس جىنايەت.
ئىنسانلىق پىرىدىن تانغان ناكەسلەر،
مېنىڭمۇ قەلبىمگە سالدى جاراھەت.

جۇدالىق دەردى

چەكسىز كەڭ يېيىلغان دالا باغرىدا،
توپىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ بىر قاقىر.
كېزىدۇ ئەتراپنى ھىجران ئوتىدا،
ھەر يانغا ئىنتىلىپ ئارام تالماي بىر.
ئۇ شۇنچە بىئارام كورۇنەر مىسكىن،
سېزىلەر قوش ئەمەس، بىر قايغۇ-زاردەك.
بولسىمۇ شۇنچە كەڭ بۇ دالا، لېكىن
بىلىنەر گوياكى ئۇنىڭغا تاردەك.
بىلمىدىم قانىتى پەرۋازدا تېلىپ،
قالدىمۇ ئۇچالماي ئائىلاج مۇندا.
ئوزىدىن ئوتتىمۇ ياكى بىر ئەيىپ،
قاقىرلار قالدۇرۇپ كەتتىمۇ شۇندا.
ئالىسىن ئەتراپقا توكۇپ ئۇ ئۇنسىز،
ژۇرىدۇ سەكپارا دالانى كېزىپ.
ئاھ، تەغدىر، جۇدالىق دەردىنى ھەرگىز
تىرىكلىك ئەھلىگە قىلمىغىن لېسىپ.

تۇگىمەس ناخشا

كايىما بوۋا سەنمۇ بىر چاغلار
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۇگىتەلمىگەن
شۇنداق ناخشا بۇ تۇگىمەيدىغان.

ت. ئېلىيېۋ

كەپتۇ نوۋىتىم مېنىڭمۇ مانا
ئەشۇ تۇگىمەس ناخشىنى ئېيتىش.
ھايات تەپەسى شۇ ناخشىلاردا
تۇرسا مۇمكىنمۇ ئېيتماستىن ئوتۇش.
تۇگىمەس بولۇپ كېلىدۇ ئۇلار
تالاي ئەۋلادلار ئېيتىپ كەتسىمۇ.
گويا ئۇلۇشۇپ ئۇدۇمدا قالار
خىسلەتتەك ماڭا كېلىپ يەتسىمۇ.
بۇ ناخشىلاردا دىلنى تەۋرىتەر
ھاسىلدۇر خەلقىم تەغدىر-قىسمىتى.
شۇڭا بولەكچە ئەۋزەل بىلىنەر
سىرلارغا تولغان قەدىر-قىممىتى.
مەنمۇ داۋام قىپ ئېيتسام كىمگىدۇ
مۇڭلۇق ساداسى ياقمايدۇ، بەلكىم.
ناخشىلار- ژۇرەك ھارارىتىغۇ
نوز ئەزىنىنى چاقىرار ھەر كىم.
تۇگىمەس ناخشىلار، ئۇ دىل خۇمارى،
ھاياتلىق بار ئىكەن ئېيتىلار ھامان.
ئەپسۇسكى، بىراق خەلقىم مۇڭ-زارى
ناخشىلاردا تۇگەركىن قاچان.

شۇڭىمۇ

بۇگۇنمۇ شۇ ئالدىراشتا ئويىمىدىن،
چىقتىم يەنە كوزدە توتۇپ ئىشىمنى.
خوشلىشىپ بىر سويۇپ قويۇش ئويۇمدىن،
چىقىپتۇدە ئەركى-ئوماق قىزىمنى،
ئالدىراشتا ئوتەر كۇنۇم ئىنتىلىپ
ھە شۇڭىمۇ بېسىقمايمەن زادى بىر.
بىرى پۇتسە يەنە بىر ئىش دۇچ كېلىپ
ئالدىرايمەن نېمىگىدۇ، ئەيتەۋىر.
قىش سوزۇلۇپ كەتسە توگەپ تاقىتىم،
ئالدىرايمەن باھار ھوسنىن كورۇشكە.
كوزمۇ پۇتمەي ئالدىرىتار بىر سېزىم
ئاپپاق قاردا سەيلى قىلىپ ژۇرۇشكە.
كەتكىنىم بار مەشرەپتىمۇ ئالدىراپ
تېخى يېڭى قىزىغاندا بەزمىسى.
قالسا كېرەك شۇندا مېنى ياماللاپ
رەنجىش بىلەن دوستلىرىمنىڭ بەزىسى،
ئالدىراشتا ئولتىرىمەن بەزىدە
قايناق ئىلھام قالمىسۇن دەپ سوغۇلۇپ،
ئارا مىمنى ئېلىپ ئەشۇ تەرىزدە
ئالدىرىتار يەنە بىر نوي توغۇلۇپ.
ئالدىراشتا يەتمەي ئومۇت چېكىگە
كەتمەكلىكنىڭ ھەقلىغىنى بىلمەن.
ھە شۇڭىمۇ ئىنتىلىپ بىر پەللىگە —
بەيگىدىكى ئاتتەك چېپىپ كېلىمەن.

ئىككى ھەرەم دەرگاھىدا

ھازىر يەر يۈزىدە ئىسلامنىڭ مۇقەددەس بەش پەرزىگە ئاساسلانغان بىر مىللىياردتىن ئوشۇق مۇسۇلمانلار ياشايدۇ. بۇ بەش پەرزىنىڭ بىرسى —ھەر بىر مۇسۇلمان چامىسى كەلسە ئومرىدە بىر قېتىم ئۇلۇق ئىسلام دەرگاھى ئىككى ھەرەمگە (مەككە-مەدىنىگە) بېرىپ ئوزلىرىنىڭ ھەج زىيارەتلىرىنى قىلىپ، «ھاجى!» دې-

گەن پەخىرلىك نامغا ئېگە بولۇشلىرى كېرەك. جۇملىدىن، بۇلتۇر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلاردىن 1,5 مىڭ كىشى سەئۇدىيە ئەرەبستانىغا بېرىپ ھاجى بولۇپ قايتتى.

ئورنى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئوتۇشىمىز كېرەككى، ئىسلام قائىدىسى بويىچە «ھاجى!» دېگەن پەخىرلىك نام ئۇچكە بولىنىدۇ. بىرىنچىسى، ھەج ۋاقتىدا، يەنى قۇربان ھېيتىدا بارغانلار رەسمىي «ھاجى!» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، قۇربان ھېيتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بارغانلار «ھاجى ئومەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇچىنچىسى، ئوزى بارالماي ئورنىغا كىشى ئەۋەتكەنلەر «ھاجى بەدەل» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇ ھەج قىلىش دائىرىسىنىڭ ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللىكىنى كورسىتىدۇ.

بۇ يىل ئۇلۇق ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايى- مەككە -مەدىنىنى زىيارەت قىلىشقا ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقستانلىق مۇسۇلمان زىيالىلىرىدىن بەش كىشىگە نېسىپ بولدى. بىزنى ئەرەبستاندىكى پۇتۇن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالىي تەشكىلاتى رابىتىل ئىسلام بۇ زىيارەتكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى غوجاخمەت سەدۋاقاسوۋ، قىرغىزستان يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شائىر ھاسان جاقسىلىقوۋ بىلەن قىرغىزستان تاشقى ئىشلار مىنىسترلىگىنىڭ خادىمى سۇلتان، تۇركمەنىستان خەلق يازغۇچىسى رەھىم ئېسېنوۋ بىلەن شۇ قۇرلارنىڭ مۇئەللىپىدىن ئىبارەت بەش كىشى 29- ئاپرېلدىن 12- مايغىچە ئەرەبستاندا بولۇپ، «ھاجى ئومەر» بولدۇق.

بىزنىڭ بۇ زىيارىتىمىز ئوتتۇرا ئازىيە بىلەن قازاقستاندىن چاقىرىلغان تۇنجا زىيالىلار ھەيئىتى ئىكەن. شۇڭىغا يارىشا 13 كۇنلۇك زىيارىتىمىزمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئوتتى. ئاۋۋال ھەج تاۋاپلىرى ئۇچۇن شەرتلىك ھالدا بەلگۇلەنگەن مەككىدىكى ھەرەم شېرىپ بىلەن ئەرەپات ۋادىسىدىكى بارلىق مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلدۇق. ئاندىن مەككىدىن 420 كىلومېتر ژىراقتىكى مەدىنە مۇنەۋۋەرىگە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيسالامنىڭ مۇبارەك قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدۇق ۋە شۇ يەردىكى ئۇنجا شەھىد ھەمزىنىڭ شەھىد قىلىنغان جايى بىلەن قەۋرىسىنى كوزدىن كەچۇردۇق.

بىرىنچى شەھىد ھەمزىنىڭ خاتىرىسى مەندە چوڭ تەسىرات پەيدا قىلدى. چۇنكى مەن 1957- يىلى شەرقىي تۇركىستان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنى توپلىغاندا «ھەمزە نامە» ئىسىملىك ئۇيغۇرچە ناھايىتى چوڭ بىر مەسنەۋىي داستاننىڭ قولىيازمىسىنى تېپىپ، كوزدىن كەچۇرگەن ئىدىم. ئۇ داستان پەيغەمبىرىمىز زامانىدىكى دەسلەپكى «نەھەت ئۇرۇشى» ھەققىدە سوزلەيتتى. بىز كورۇۋاتقان مۇشۇ بىرىنچى شەھىد ھەمزە نەخ شۇ نەھەت ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ، مۇشۇ «ھەمزە نامىدا» تەسۋىرلەنگەن ئىكەن. ئامما بۇ داستان ئەرەپلەردە يوق ئىكەن. ئۇيغۇر داستانچىلىرى ھەمزىنى شۇنچىلىك كەڭ بىلىدىكى، «ئەمىر ھەمزە ساھىپ قىران!» دەپ پەلەكلەرگە كوتىرىدۇ. بىز مانا بۇ تارىخنىمۇ ئەندى قېيدىمىي ئەرەپ- ئۇيغۇر مۇناسىۋىتى تارىخى يۈزىسىدىن ئالاھىدە ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن خۇددى مۇشۇ تارىخقا ئوخشاش ۋاقەسى ئەرەبستاندا بولۇپ، رىۋايىتى شەرقىي تۇركىستاندىن چىققان يەنە بىر مۇھىم تارىخنىمۇ يېزىۋالدىم. ئۇ مەككىدە «بەدەل كەئبە» ئىسىملىك بىر كىچىك تاغ بولۇپ، قاچاندۇ ئىبراھىم ئەلەيسالام كەئبىنى ياسىشقا كىرىشكەندە، ئەتراپىدىكى پۇتۇن چوڭ تاغلار كەينى- كەينىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «كەئبىگە كېرەك تاشلارنى بىزدىن ئېلىڭ!»- دەپ مۇراجەت قىلىپتۇ. پەقەت بەدەل كەئبىلا ئۇنچىقماپتۇ. بۇنى سەزگەن ئىبراھىم پەيغەمبەر: «سەن نېمىشكە مۇراجەت قىلمىدىڭ؟»- دېگەندە، ئۇ: «چوڭلارنىڭ خاھىشى» تۇرغاندا مەندەك كىچىك تاغدىن نېمە ئالارسىز» دەپ ئويلىدىم» -دەپ بويىنىنى قىسىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئىبراھىم ئەلەيسالام كەئبىنىڭ پۇتۇن تاشلىرىنى مۇشۇ كىچىك تاغدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى بەدەل كەئبىگە بەرگەن ئىكەن. ھەجەپكى بۇ رىۋايەتمۇ ئەرەپلەر ئىچىدە يوق ئىكەن. بۇ تاغنى بىزگە تونۇشتۇرغان ئۇيغۇر دوختۇرى مۇھەممەد ئىمىن ياركەندى ياخىرىدا شۇنداق دېدى: «مەن قەشقەردە كىچىگىمدە بۇ رىۋايەتنى ئانامدىن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ يەرگە چىققاندىن بېرى سۇرۇشتۇرۇپ ھېچ كىمدىن ئاڭلىيالمىدىم».

مەن زىيارىتىمىزنىڭ بۇ دىنىي قىسمى ئاخىرىدا يەنە بىر مۇھىم ئىشنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ئەسكە سېلىپ ئوتمەكچىمەن. ئەرەبستاندا بىرمۇ قەبرىنىڭ توپىسى ياسالماي تۇپ- تۇز يەر بويىچىلا ئۇستىگە ئىككى تال كېسەكنى تاشلاپ قويىدىكەن. گورنىڭ ئىچىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك «تاشقارقى»، «ئىچكەركى» گور بولماي، تورت چاسە تۈزلا كولىنىدىكەن. مەن بۇنىڭ سەۋەۋىنى سورىغىنىمدا، «ئەرەپلەردە قەبرە ياساش گۇناھ ھېساپلىنىدۇ. چۇنكى قەبرە ياساش يەھۇدىيلەرنىڭ ئىشى!»- دېيىشتى. مەلۇمكى، قەبرە ياساپ، مازار بىنا قى-

(ئاخىرى 4-بەتتە).

دوستلۇق بەلگۈسى ئاستىدا

سوۋېت كورېيلىرىنىڭ «چىنسون» ئانسامبلىنىڭ ئارتىستلىرى ئامېرىكا شتاتلىرىغا قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك گاسترولىدىن لوس-ئانژېلېس شەھىرىنىڭ پەخرىي پۇخرالىرى نامىغا سازاۋەر بولۇپ قايتتى. مەزكۇر ئانسامبل ئالمۇتا كورېي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش فوندى يېنىدا ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا كورسەتكەن ھەر بىر كونسېرتى پەقەت ئامېرىكىدا ياشايدىغان ۋەتەنداشلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلىرىنىڭ تۇرغۇنلىرىدا قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئانسامبل ئامېرىكىلىقلارنى مۇزىكىلىق ماھارەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەزالىرىنىڭ ئالاتتى بىلەن جەلىپ قىلدى.

«چىنسون» ئانسامبلىنىڭ رېپېرتۇئارىدا س س ج ئى خەلقلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرى ۋە ناخشىلىرى ئورۇن ئالغان. ئاقش تا ياشاۋاتقان كورېي ۋەكىللىرى ئارتىستلارنىڭ مىللىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە بولغان جىددىي مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئىككى مىللىون كورېي خەلقى ژىراق ئالمۇتىدىن كەلگەن قېرىنداشلىرىنى سەممىي قارشى ئالدى

سۈرەتلەردە: «چىنسون» ئانسامبلىنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرى كورېي خەلقىنىڭ قېدىمىي ئۇسسۇللىرىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ.

قازتاگنىڭ سۈرەتلىرى.

ئىككى ھەرەم دەرگاھىدا

لىش ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ چوڭ سەنئەتنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلار بۇنى يەھۇردىيلەردىن ئالغانمۇ؟ ياق...

بىزنىڭ ئەرەبستان بويىچە دىنىي زىيارەتلىرىمىز ئاياقلاشقاندىن كېيىن رابىتىل ئىسلامنىڭ مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇشى بويىچە ئاۋۋال موشۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشقا زىيارەتلىرىمىزنى باشلىغان ئىدۇق. رابىتىل ئىسلام- بۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىكى دېگەن نام بولۇپ، بۇنىڭدىن 20 ژىل مۇقەددەم قۇرۇلغان ئىكەن. بۇنىڭ مەركىزىدە 45 بولۇم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىسى غەربىي ۋە شەرقىي تۈركستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان مەخسۇس تۈركستان بۆلۈمى ئىكەن. ئۇنىڭ باشلىقى خوتەنلىك ئۇيغۇر ئالىمى رەھمەتۇللا تۈركستانى، مۇئاۋىنى شايالىق رەقىپ قارى ھاجى ئىسىملىك زات ئىكەن. بۇ بولۇم ئەتراپىدا ئوتلىغان ئۇيغۇر، ئۆزبەك ئالىملىرى ئىشلەيدىكەن. رابىتىل ئىسلامنىڭ بۈگۈن دۇنيا بويىچە 70تىن ئوشۇق شۆبىسى ئىشلەۋېتىپتۇ.

بۇ ئالىي تەشكىلات ھوزۇرىدا بولغان ئۇچرىشىشتا مەن بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، شەرقىي تۈركستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي بايانات بەردىم ۋە رابىتىل ئىسلامنىڭ بۇ رېگوندىكى مۇسۇلمانلارغا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشلىرىنى مۇراجەت قىلدىم. مەندىن كېيىن سۆز ئالغان غ. سەدۋاقاسوۋ سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى تونۇشتۇردى. نۆۋەتتە باشقا جۇمھۇرىيەت ۋەكىللىرىمۇ ئۆز ھاللىرىنى بايان قىلىشتى.

ئاندىن مەككىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا بېرىپ تونۇشتۇق. بۇ ئىنستىتۇتتا 16 مىڭ تالىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلار كۆپ ئىكەن. ئومۇمەن سەئۇدىيەدە مۇنداق ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن يەنە مەدىنەدە بىرىسى، جىددىدە بىرىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىكەن. دەرىس قۇراللىرى ۋە ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي يېڭىچە بولۇپ، تالىپلارنىڭ تەمىناتى ئۈستۈن ئىكەن. سەئۇدىيە بويىچە باشقا ئىنستىتۇتلارمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىكەن.

ئەرەبستاننىڭ بىزنى بەكمۇ جەلىپ قىلغان ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتى شۇ بولدىكى، پۈتۈن شەھەرلەر، يېزىلار يېڭىلانغان. يوللار پۈتۈنلەي يېڭىچە ياسىلىپ، سۇ ئىنشائەتلىرى ماشىنىلاشقان. ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى شۇ دەرىجىدە باياشەتكى، كېچىسى پۈتۈن ئەرەبستاننىڭ ئۈستىگە ئالتۇن چېچىۋەتكەندەك، ھەتتا دالالارمۇ يوپ-يورۇق كورىنىدۇ. خەلقنىڭ ئەجايىپ پاراۋان تۇرمۇشىدىكى مولچىلىقلار مىڭ بىر كېچىنىڭ تەسۋىرلىرى ئەرەبستاندا بۈگۈن ئەمەلگە ئاشقاندەك، كورگەن كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

سەئۇدىيە ئەرەبستانى ۋە ئۇ يەردىكى شەرقىي تۈركستانلىق ۋەتەنداشلار بىلەن مېنىڭ ئالاقەم كۆپتىن بېرى ياخشى داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ سەپەر بۇ ئالاقىلىرىمىز تېخىمۇ چوڭقۇر دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە چىن مېھرى- شەپقەت ئىچىدە كۈچەيدى. مەن بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمەنكى، مەن ئۆزەمنى خۇددى بىر ئۇيغۇرستاندا بولغاندەك ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ قايسى شەھەر ياكى قايسى بىر مەھكىمىدە بولماڭ، ئۇ يەردىكى ئالىي ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى كورىسىز. ژۇقۇرىدا ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان رابىتىدىكى ئۇيغۇر ئەللامىلىرىدىن باشقا مەككىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم زامانىۋىي بىر دوختۇرخانىنىڭ مۇدىرى ۋە باش دوختۇرى، پروفېسسور ئابدۇلئەزىز نىياز بىلەن ئۇنىڭ كەسىپدىشى ۋە جامائەت ئەربابى، مۇھەممەت ئىمىن ياركەندى، مەككىدىكى پادىشالىق نەقىش زاۋۇدىنىڭ خۇشخەت ئىنژېنېرى ئابدۇرېھىم قەشقەرىي، جىددىدىكى دۇنياۋىي «مۇسلىم» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى قادىر تاش بىلەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى ھۈسەيىن قارىلار ۋە باشقىلاردۇر.

ئەندى مەككە، تايىپ، رىياز ۋە جىددىدىكى ئۇيغۇر بايلىرى بۇ شەھەردىكى ئەرەپ بايلىرى قانداق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولسا، شۇنداق ئالىي ئىمتىياز ئىچىدە كەڭ تىجارەت قىلىدىكەن. مەن بۇلاردىن 400گە يېقىن ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچ يەردە ئۇچرىشىپ، ئۇلۇق ۋەتەن ماۋزۇسىدا كەڭ سوزلەشتىم. بۇ موتىۋەر بايلىرىمىز قولىدىكى پۈتۈن دۇنياسىنى ئۇلۇق ۋەتەنگە ئاتاپتۇ. بۇ ئۇچرىشىشلار مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈلۈك بىر قېرىنداشلىق رىشتىي بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى ئۇنتالمايمەن.

ي. مۇخلىسى،
يازغۇچى.

سۈرەتتىكى ھۆسنى خەت مەككىدىكى پادىشالىق نەقىش زاۋۇدىنىڭ خۇشخەت ئىنژېنېرى ئابدۇرېھىم قەشقەرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

سىز «يېڭى ھاياتقا» يېزىلدىڭىزمۇ؟

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1992- ژىلغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش باشلاندى.

ئانا تىلىدا چىقىدىغان ئوز گېزىتلىرىغا مۇشتىرى بولۇش- ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنىڭ، خەلققە چىن مەنادا كويۇنىشىنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇرلىقىنىڭ - يارقىن بىر ئىپادىسى. جاي-جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئوز ئامىغا يارشا ئۇيۇشۇپ، مۇشتىرى بولۇشتەك بۇ قۇتلۇق ئىشنى ئوز ۋاقتىدا ئۇتۇقلۇق تاماملايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

گېزىتلارغا «سويۇز پېچات» ئورگانلىرىدا، ئالاقە بولۇملىرىدە، شۇنىڭدەك ئىش ۋە ئوقۇش ئورۇنلىرىدا، تۇرۇشلۇق مەھەللىلەردە جامائەتچىلىك ئاساستا مۇشتىرى توپلىغۇچىلار ئارقىلىق يېزىلىشقا بولىدۇ.

يېزىلىش باھاسى:

«ئۇيغۇر ئاۋازى» (ئىندېكسى – 65357) بىر ژىلغا 15 سوم.

«يېڭى ھايات» (ئىندېكسى – 65359) بىر ژىلغا 7 سوم 80 تىيىن.

ئەسكەرتىش: «ئۇيغۇر ئاۋازىغا» 75 تىيىن، «يېڭى ھاياتقا» 39 تىيىن پرېزىدېنت سېلىقى سېلىنىدۇ.

جىنايى ئىشلار خەۋەرلىرى

ئۆتكەن ھەپتە ئىچىدە قازاقستاندا 2119 جىنايى ئىش تىزىمغا ئېلىنىپ، يەرلىك ئىچكى ئىشلار بولۇملىرىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ 1358زى پاش قىلىندى. جۈملىدىن 28 ئادەم ئولتۇرۇش، 47 زورلۇق قىلىش، 128 بۇلاڭچىلىق، 402 دولەت، 962 شەخسىي مۈلكنى ۋە 408 ئويگە ئوغۇرلۇققا چۈشۈش جىنايەتلىرى يۈز بەرگەن. 326 يول قاتناش ھالاكىتى بولۇپ، شۇنىڭدا 100 ئادەم قازا بولغان، 338 ئادەم جاراھەتلەنگەن.

چەت ئەللىكلەرگە قارشى قىلمىش

16- ئاۋغۇست كۈنى كەچكى سائات ئالتە يېرىمدا شەھەرنىڭ ئالتاغ ناھىيەسىدە نامەلۇم بىرلىرى ئالمۇتا قۇرۇلۇش- ئارختېكتۇرا ئىنستىتۇتىنىڭ ياتاقخانىسىدا ياشاۋاتقان كوبا پۇخراسى خورې لۇئىس ژېۋارچيا ياتقان بولمىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرىپ، كوپ مىقداردا قىممەت باھالىق كېيىملەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئىدى.

ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار بولۇمىنىڭ يەرلىك ئۇچاستكا ئىنسپېكتورى بۇ ئوغرىلىقنى پاش قىلىپ، جىنايەتچىنى قولغا ئالدۇ. ئۇ د. ئالماغامبېتوۋ بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن ئوغرىلانغان بويۇملار ئوز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلدى.

ئەندى، 19- ئاۋغۇست كۈنى بولسا، شەھەردە مېھماندا بولۇۋاتقان شۋېتسىيەلىك غ. بالتېسونىنىڭ قول سومكىسىنى نامەلۇم بىرلىرى ئوغرىلاپ، ئىچىدىكى 3 مىڭ ئاقش دوللىرى ۋە 4 مىڭ شۋېتسارىيە فرانكىنى ئېلىپ كېتىدۇ، ئەتىسى ئوپېراتىۋ ئىزدەش ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ئوغرىلار ئېنىقلىنىپ، قولغا ئېلىندى. ئوغرىلارنىڭ بىرى ئوت ئوچۇرۇش قىسمىنىڭ چوڭ لېيتېنانتى ئا. ئىۋانوۋ قولغا چۈشتى. ئۇنىڭ شېرىكى سېرگېي ناملىق ئوغرى ئىزدەشتۈرۈلمەكتە.

بەلگۈسىز ئوغرىلىق

چىمكەنت ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار بولۇمىنىڭ سايرام ناھىيەسىدىكى مىلىتسىيە خادىملىرىغا 17- ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن كېيىن ئويي خىزمىتىدىكى، 1968- ژىلى تۇغۇلغان نى. باتىراخانوۋا 1991- ژىلى 28- ئىيۇل كۈنى تۇغۇلغان ئوغلى ئابرادىن نامەلۇم بىرلىرىنىڭ ئوغرىلاپ، 50 مىڭ سوم ئاخچىغا قايتۇرۇپ بېرىدىغىنى ھەققىدە تىل خەت تاشلاپ كەتكىنىنى خەۋەرلەيدۇ.

تېز ئارىدا قۇرۇلغان ئوپېراتىۋ ئىزدەشتۈرۈش گرۇپپىسى بۇ ئايالنىڭ ئويىنىڭ ئوپ- چۆرىسىنى، شەھەرگە كېتەر يوللارنى توساپ، بالىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ناھىيەلىك دولەت بانكىسىدىن 50 مىڭ سوم ئاخچىمۇ ئېلىندى.

ئامما، بالا تېز ئارىدا، ئۆزاقتا بارمايلا تېپىلىدۇ. ئويدىن 500 مېتىردەك يەردە تۇرغان سۇيى بار بوچكىنىڭ ئىچىدىن بالىنىڭ جەسىدى تېپىلىدۇ.

ھازىر بۇ «بەلگۈسىز ئوغرىلىق» ئۈستىدە جىنايى ئىش قوزغۇلۇپ، تەرگەۋ ئىشلىرى داۋام قىلماقتا.

قولغا چۈشتى

18- ئاۋغۇست كۈنى ئەتىگەنلىكى سوۋېت ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار بولۇمىگە ئالمۇتا تومۇر يولىنىڭ پروۋودنىكى ئا. نامەلۇم بىرى زورلۇق قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەيدۇ.

قىزنىڭ ئېيتقان سوزلىرى بويىچە ياسالغان فوتو-سۈرەت ئاساسىدا شەھەرلىك «ئېلېكترون» كوئوپېراتىۋىنىڭ شوفيورى، ئا. ئاسىروۋ ئېنىقلىنىپ، قولغا ئېلىندى.

تەرگەۋ جەريانىدا، ئۇ قىلغان جىنايىتىنى تولۇغى بىلەن ئوز بويىغا ئالدى.

بۇلاڭچىلار

19- ئاۋغۇست كۈنى كۈندۈزى سائات ئىككىدە نامەلۇم بىرلىرى قەشقەر ۋە تاشكەنت كوچىلىرىنىڭ دوخمۇشىدا شەھەرلىك «پارىتېت» كىچىك كارخانا ئىنژېنېرى م. بورىنكوۋنى پىۋو بارى ئىچىدە ئۇتۇپ تۇرۇپ، قولىدىكى ئالتۇن سائاتى بىلەن يانچۇقىدىن 2،500 سوم ئاخچىنى تارتىپ ئېلىپ، قېچىپ كېتىدۇ.

شەھەرلىك ۋە ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار بولۇمىنىڭ ئوپېراتىۋ گرۇپپىسى بۇلاڭچىلارنىڭ بىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ- ئالمۇتا ۋىلايىتى كېگەن ناھىيەسىنىڭ تۇرغىنى م. سېرىمبايېۋ بولۇپ چىقتى.

ھازىر قالغان بۇلاڭچىلارنى ئىزدەشتۈرۈش ئىشلىرى كېتىپ بارماقتا.

قازاقستان س.س.ج ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ مەتبۇئات مەركىزى.

ئالمۇتا شەھىرى گورنىي-گىگانت مەھەللىسىنىڭ جامائەتچىلىكى ۋە بىر توپ دوست- بۇرادەرلىرى ئۇچ ۋىلايەت مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ پائال ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى، مىللىي-ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ سابىق پولكوۋنىگى

يۇنۇس قادىروۋنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلىسىگە، قومى- قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى،
50-ئويي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان س.س.ج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر- 69-86-33، مەسئۇل كاتىپ- 50-86-33، پارتىيە بولۇمى- 81-86-33، ئىختىسات بولۇمى-06-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت بولۇمى- 01-92-33.

زاكاز (3437) تىراژ 8250

«Йени хаят» («Новая жизнь») индекс 65359, приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази», выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Ордена Трудового Красного Знамени типография Издательства ЦК Компартии Казахстана. г. Алма-Ата, 480044. Проспект Ленина, 2/4.